# شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 11 - ئاي
30
دۈشەنبە
维吾尔文 11 月30日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۇدا نەشر بۇيۇمى نومۇرى: CN 65-0002/-W
新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1-57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25261 - سان بۈگۈن 4 بەت


## ئەمگەكچىلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئىتىنى ھەققىي تۈردە ياخشى ئىشقا ئاشۇرايلى، ياخشى قوغدايلى، ياخشى راۋاجلاندۇرايلى

### — باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە ئىلغار خىزمەتچىلەرنى تەقدىرلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

ئەمگەكچىلەرنى ئەمەلىي نەپكە ئېرىشتۈرۈش، شان - شەرەپتىن بەھرىمەن قىلىش ئەمگەك ئىجادچانلىقىنى ئۇرغۇتۇشنىڭ مۇقەررەر يولى. مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە ئىلغار خىزمەتچىلەرنى تەقدىرلەش يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ خەلق ئاممىسىنى تېخىمۇ بەختلىك ياخشى كۈنلەرگە ئېرىشتۈرۈشنىڭ پارتىيەمىزنىڭ باشتىن - ئاخىر ئېغىشمايدىغان كۈرەش نىشانى ئىكەنلىكىنى، ئورتاق بېيىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە دۆلىتىمىز سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ماھىيەتلىك تەلىپى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر كۆرسىتىپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئىتىنى ھەققىي تۈردە ياخشى ئىشقا ئاشۇرۇش، ياخشى قوغداش، ياخشى راۋاجلاندۇرۇش كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى.

جان - دىل بىلەن كەڭ ئىشچىلار سىنىپى ۋە كەڭ ئەمگەكچى ئاممىنىڭ

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

---

**يېڭى باشلىنىش يېڭى مۇسابە**

چېن چۈەنگو ئاپتونوم رايونلۇق دەريا - كۆل باشلىقى تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى يىغىنىدا مۇنداق تەكىتلىدى

# شى جىنپىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تىرىشىپ خەلق ئاممىسى رازى بولىدىغان بەخت دەريا - كۆللىرىنى بەرپا قىلىش كېرەك

شۆھرەت زاكىر، نۇرلان ئەبلەمجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن قاتناشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇك، ۋاڭ شىگرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق دەريا - كۆل باشلىقى تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى يىغىن ئېچىپ، ئالاقىدار خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق دەريا - كۆل باشلىقى تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شۆھرەت زاكىر، نۇرلان ئەبلەمجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن، ۋاڭ مىڭشەن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىندا 2019 - يىلدىن بۇيانقى ئاپتونوم رايونىنىڭ دەريا - كۆل باشلىقى تۈزۈمى خىزمىتى دوكلاتى ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك دەريا - كۆللەردىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى تۈزەش تىزىملىكى ۋەزىپىسىنى تاماملاش ئەھۋالى توغرىسىدىكى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، «سۇ بايلىقى قاتتىق چەكلىمىسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئەڭ قاتتىق سۇ بايلىقى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» «دەريا - كۆل باشلىقلىرىنىڭ ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى» «ئاپتونوم رايوننىڭ دەريا - كۆل باشلىقلىرى چارلاپ تەكشۈرۈش تۈزۈمى (تۈزىتىلگەن)» «ئاپتونوم رايوننىڭ ئۈلگىلىك دەريا - كۆل بەرپا قىلىش يېتەكچى پىكرى» قاراپ چىقىلدى.

چېن چۈەنگو مۇنداق تەكىتلىدى: پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، شى جىنپىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق، دېگەن ئىدىيەدە چىڭ تۇرۇپ، قۇمنى تىزگىنلەش، سۇنى تىزگىنلەش ۋە ئورمان، ئوتلاقنى قوغداش خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ قانات يايدۇرۇپ، دەريا - كۆللەرنى باشقۇرۇش، قوغداش سۈپىتى ۋە سەۋىيەسىنى ھەققىي ئۆستۈرۈپ، تىرىشىپ خەلق ئاممىسى رازى بولىدىغان بەخت دەريا - كۆللىرىنى بەرپا قىلىپ، گۈزەل شىنجاڭنىڭ ئاسمىنىنى تېخىمۇ كۆك، تاغلىرىنى تېخىمۇ يېشىل، سۈيىنى تېخىمۇ سۈزۈك قىلىش كېرەك.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

---

پۇخۇي دېھقانچىلىق مەيدانى:

## توغراق كۆچىتى تىكىپ، «يېشىل پۇل» تېپىش

**5 - ئومۇمىي يىغىن روھى ئاساسىي قاتلامدا**

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **جىڭ بو، جوۋ پېڭ، جاۋ چاڭفۇ** خەۋەر قىلىدۇ: نوپۇستىكى ئائىلە 5913 بولۇپ، پەقەت بۇ يىللا 232 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەربىر كىشى 40 تۈپتىن كۆچەت تىكتى. مۇشۇ يىللاردا، كورلا شەھىرىنىڭ پۇخۇي دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كۆچەت تىكىش ئاكتىپلىقى بارغانسېرى ئاشتى.

ئىلگىرى كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا جايلاشقان بۇ دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ دەريا بويىدا نەچچە يۈز مىڭ مو يەر ئېچىلىپ، شۇ جاينىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنىڭ بىرمەھەل ناچارلىشىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. «يەر ئاستى سۇ ئورنى تۆۋەنلەپ، بوران ۋە قۇم - بورانلىق ھاۋارايى كۆپىيىپ، كەڭ كۆلەمدىكى توغراقلار قۇرۇپ كەتتى.» 11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ كادىرى شياۋ كې ئەسلەپ مۇنداق دېدى: «ھەر يىلى 3 - ئايدىن 5 - ئايغىچە، ھەر ئىككى - ئۈچ كۈندە بوران ياكى قۇم - بوران چىقىپ، كېۋەزنى ھەر يىلى ئىككى - ئۈچ قېتىم تولۇقلاپ تېرىشقا توغرا كېلەتتى، خەلق جاپادا قالاتتى، مال - مۈلۈك زىيىنى كۆرۈلەتتى».

مۇشۇ يىللاردا، پۇخۇي دېھقانچىلىق مەيدانى يېشىل تەرەققىياتقا سېجىل تۇرتكە بولۇپ، ھەر يىلى ئەتىياز ۋە كۈز ئىككى پەسىلدە 200 مىڭ تۈپتىن ئارتۇق توغراق كۆچىتى تىكىپ، تېرىلغۇ يەرنى قايتۇرۇپ، سۇنى ئازايتىش، تېرىلغۇدىن ئوتلاققا قايتۇرۇش سىياسىتىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈردى، بۇنىڭ بىلەن جەمئىي 100 مىڭ مودىن ئارتۇق تېرىلغۇ يەر قايتۇرۇلدى. «ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىلمۇيىل تىرىشىشى ئارقىلىق قۇرۇپ كەتكەن توغراقلار قايتىدىن بىخ سۈرۈپ، يېپىنچا ئۆسۈملۈك كۆلىمى كېڭىيىپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

سكانىرلاپ سىنى كۆرۈڭ

---

## مالىيە، باج، پۇل مۇئامىلە تىرىكى كۈچەيتىلدى

**شىنجاڭنىڭ «13 - بەش يىل»ىغا نەزەر**

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **مېھرىگۇل ناسىر**

مالىيە دۆلەت ئىدارە قىلىشنىڭ ئاساسى ۋە مۇھىم تۈۋرۈكى، باج ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنىڭ ئاساسى ھەم كاپالىتى، پۇل مۇئامىلە زامانىۋى ئىقتىسادنىڭ قېنى. بۇ ئۈچى بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ، بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

«13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مالىيە، باج، پۇل مۇئامىلە تارماقلىرى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پائال تۈردە بازار سۇبيېكتىنى كاپالەتلىك قىلىپ، كەسىپ تىرىكىنى كۈچەيتىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيىتىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولدى.

**مالىيەنىڭ تۈرتكىلىك ئۈنۈمى ئېنىق كۆرۈنەرلىك بولدى**

بۇ يىل 5 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، پەيزاۋات ناھىيەسىنىڭ شەھەر - يېزا ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى قۇرۇلۇشىدا ئومۇميۈزلۈك سۇ يەتكۈزۈلۈشكە ئەگىشىپ، پۈتۈن ناھىيەدىكى 15 مىڭ 300 نامرات نوپۇس «خاتىرجەم سۇ» ئىچەلەيدىغان بولدى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدىكى بارلىق نامرات نوپۇس قىرتاق، تۇزلۇق سۇ بىلەن ئۈزۈل - كېسىل خوشلاشتى، ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى ئومۇميۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

پەيزاۋات ناھىيەسىنىڭ يېزا ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى قۇرۇلۇشىغا ئەمەلىي سېلىنىدىغان مەبلەغ 1 مىليارد 451 مىليون يۈەن بولۇپ، ئاپتونوم رايون كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق مەبلەغ غەملىدى، مەركەز خامچوت سېلىنمىسى، بىگتۈەن نەپكە ئېرىشىدىغان سۇ تەقسىملەش مىقدارى بويىچە قۇرۇلۇش مەبلىغى غەملەش، يەرلىك ھۆكۈمەت زايوم مەبلىغى، مەخسۇس نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى غەملەش قاتارلىق يوللار ئارقىلىق، مەبلەغ يوچۇقى مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، سۇنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئالغا سىلجىتىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

«13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىز ئومۇمىي مەنپەئەتدار پۇل مۇئامىلىنىڭ تەرەققىياتىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، سىياسەت جەھەتتىن قوللاش، ئادىل ئىجازەتلىك كىرگۈزۈش ۋە پەرقلىق نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، يېزا پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتىنىڭ كۆلىمى ۋە قاپلاش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتى مەھسۇلاتلىرى ۋە ئەندىزىسىدە يېڭىلىق يارىتىپ، ئاۋام ئىگىلىك تىكلەشكە، ئىشقا ئورۇنلىشىشقا تۈرتكە بولۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات شەكلىنىڭ تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە كۈچ قوشۇپ، پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتى سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، كۆپ قاتلاملىق، كەڭ قاپلىغان، ئىمكانىيەتلىك سېجىل، رىقابەت مۇۋاپىق بولغان، خەۋپ - خەتەرنى كونترول قىلغىلى بولىدىغان ئومۇمىي مەنپەئەتدار پۇل مۇئامىلە سىستېمىسى قۇرۇشنى تېزلەتتى.

ھازىرغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە PPP (ھۆكۈمەت ۋە جەمئىيەت كاپىتالى ھەمكارلىقى) تۈر ئامبىرىدىكى تۈر جەمئىي 385، بۇ تۈرلەرگە سېلىنىدىغان

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

---

## ئۈرۈمچى شەھىرى بەش يىلدا 200 گە يېقىن ئىگىلىك تىكلەش، يېڭىلىق يارىتىش بويىچە يېتىشتۈرۈش بازىسى قۇردى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ چۈنخۇا** خەۋەر قىلىدۇ: 11 - ئاينىڭ ئاخىرى، شىنجاڭ خەيلاڭ پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى ياڭ لې ۋە ئۇنىڭ كوللېكتىپى ئىلگىرىكىدىنمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتى، ئويغىنىش يۇلتۇزى (ئۈرۈمچى) يېتىشتۈرۈش بازىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، شىركەت سەنيا، چېڭدۇ قاتارلىق جايلاردا تارماق ئاپپارات تەسىس قىلىدۇ، تور بىخەتەرلىكى ئۇسكۇنىلىرىنى تەتقىق قىلىپ ئېچىش، ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىش بىر گەۋدىلەشكەن بۇ تور شىركىتىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ يېڭى باسقۇچىغا قەدەم قويىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

«13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، ئۈرۈمچى شەھىرى تۈرلۈك ئىگىلىك تىكلەش، يېڭىلىق يارىتىش بويىچە يېتىشتۈرۈش ۋاستىسى قۇرۇشنى تۇتقا قىلىپ، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تۈرتكە بولۇش ئىستراتېگىيەسىنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

---

ئەڭ ئاخىرقى ئىككى ئوقۇغۇچىنى شەھەرگە كىرىپ ئوقۇشقا ئۇزىتىش

## چېگرا باشلانغۇچ مەكتىپى «كەلگۈسى» ئۈچۈن ساقلاپ قېلىندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ليۇ دۈڭلەي** خەۋەر قىلىدۇ: 11 - ئاينىڭ 27 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، چاغانتوقاي ناھىيەسىدىكى جۇڭگو - قازاقىستان چېگراسىغا تۈز سىزىق بويىچە 16 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى يايلاقتا، قۇياش نۇرى بۇلۇتلار ئارىسىدىن ئۆتۈپ، چاغانتوقاي چارۋىچىلىق مەيدانى قاراكېمىر كەنتى باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ كەڭ مەكتەپ ھويلىسىغا چۈشۈپ تۇراتتى. «بالىلارنىڭ ھەممىسى ناھىيە بازىرىدىكى مەكتەپلەرگە كەتتى، بۇ يەرگە مەخسۇس قارايدىغان ئادىمىمىز بار، ھېچنېمىگە چېقىلمىدۇق، ناھىيە ئوقۇغۇچى مەنبەسى كۆپەيسىلا، ئوقۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.» كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى گۇەن شىفۇ مۇنداق دېدى: «كەنتىمىزدە 200 دەك ئائىلىلىك بار، بۇ بىرنەچچە يىلدا داشۆ ئوقۇغۇچىسىدىنلا 32 سى چىقتى».

فەن ئەيىۈن 1982 - يىلى قاراكېمىر كەنتى باشلانغۇچ مەكتىپىگە بېرىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلغاندىن تارتىپ بۇ يىل 1 - ئايدا پېنسىيەگە چىققانغا قەدەر، ئىزچىل چارۋىچىلىق رايونىدىكى ئاساسىي قاتلام مەكتىپىدە خىزمەت قىلدى. «ئىلگىرى بالىلار دائىم ئوقۇشتىن توختاپ قالاتتى، ئاتا - ئانىلىرى ئۇلارنى يەر تېرىشقا، قوي بېقىشقا ئېلىپ كەتسە، ئوقۇتقۇچىلار تاغ - داۋانلاردىن ئېشىپ ئۇلارنى ئىزدەيتتى».

«مائارىپقا ئەھمىيەت بەرمەسلىك بىلىمنىڭ ئەھمىيىتىنى بىلمىگەنلىكتىندۇر.» گۇەن شىفۇ مۇنداق دېدى: «ئىلگىرى كەنتىمىزنىڭ قاتنىشى ئىنتايىن قولايسىز ئىدى، قىشتا ناھىيە بازىرىغا ئات مىنىپ، چانىغا ئولتۇرۇپ ياكى پىيادە بېرىشقا توغرا كېلەتتى، بېرىپ كېلىشكىلا ئۈچ كۈن كېتەتتى. كۆپچىلىك سىرتقا چىقىشنى خالىمايتتى، نۇرغۇن كەنت ئاھالىسى شەھەرگە كىرگەندە ھاجەتخانىغا

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

---

## «ئەڭ ئاخىرقى بىر كىلومېتىر»نى كۆڭۈل قويۇپ مېڭىش تېخىمۇ زۆرۈر

**سۆز ھەممىگە**

□ فەن خۇڭبى

يېقىنقى كۈندىكى «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ خەۋەرگە قارىغاندا، ئىككى يىل ئۇقتىدا سىناق قىلىپ كېڭەيتىش ئارقىلىق، زور بىر تۈركۈم كەنت دەرىجىلىك خەلق ئىشلىرى ياردەمچىسى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ ئاساسىي قاتلام بىرىنچى سەپىدە جانلىنىپ، ئائىلىلەرگە كىرىپ مۇلازىمەت قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، خەلق ئىشلىرى مۇلازىمىتى بويىچە «ئەڭ ئاخىرقى بىر كىلومېتىر»نى تۇتاشتۇرغان.

خەلق تۇرمۇشى خىزمىتىدە كىچىك ئىش يوق، ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىشتىكى «ئەڭ ئاخىرقى بىر كىلومېتىر»نى كۈچەپ چىڭ تۇتۇپ، كۆڭۈل قويۇپ ئىشلەش تېخىمۇ زۆرۈر، ھەرگىزمۇ سەل قاراشقا بولمايدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭنى ئېلىپ ئېيتساق، خەلق ئىشلىرى خىزمىتىنىڭ دائىرىسى كەڭ، مىقدارى كۆپ، ۋەزىپە ئېغىر، ئاساسىي قاتلام خەلق ئىشلىرى قوشۇنىنى سەپلەشنى كۈچەيتىپ، مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش جىددىي زۆرۈر. ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىشتىكى «ئەڭ ئاخىرقى بىر كىلومېتىر» مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلغاندىلا،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)


扫码下载 石榴云 客户端
新疆日报 | 石榴云 | 天山网 www.ts.cn
新 疆 报 业 传 媒 集 团




**قارنى تازىلاپ قاتناشنىڭ راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش**

**11 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، قار تازىلاش ئاپتوموبىلى قار تازىلىماقتا.**

**سوغۇق ھاۋانىڭ تەسىرىدە، 11 - ئاينىڭ 29 - كۈنى سەھەردىن باشلاپ ئۈرۈمچى شەھىرىدە قار ياغدى، مۇھىت تازىلىقى تارماقلىرى تېزلىكتە كۈچ تەشكىللەپ، قار تازىلاش مەشغۇلاتىنى قانات يايدۇرۇپ، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ يول يۈرۈشىنى كاپالەتلەندۈردى.**

**□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز سەي زېڭلې فوتوسى**